شىنجاڭ گېزىتى 5
2021 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى جۈمە

# جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مائارىپ ساھەسىدىكى ئەزالىرىنى يوقلىدى ھەم بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنىغا قاتناشتى، ۋەكىللەر، ئەزالار بىلەن چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ئورتاق كېڭەشتى، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تۇرمۇش يارىتىش توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۈز مىليونلىغان خەلق جاسارەت بىلەن توختىماي ئىلگىرىلەيدىغان كۈچنى مۇجەسسەملىدى.

«ئۈچ يېڭى»نىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى ئېچىپ بېرىش ——

**يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تېز بەرپا قىلغاندىلا، «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ**

«باش شۇجى، قاراڭ، بۇ يۇرتىمىزنىڭ يېقىندا تارتىلغان سۈرىتى».

3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، خەلق سارىيىنىڭ شەرقىي چوڭ زالى، چىڭخەي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىش نەق مەيدانىدا، ئىككى پارچە سۈرەت باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

ۋەكىل كۇڭ چىڭجۇ چىلىيەنشەن تېغى ئېتىكىدىكى خېيبېي ئوبلاستىنىڭ مېنيۈەن ناھىيەسىدە چوڭ بولغان. شۇ تاپتا، ئۇ سۈرەتنى چىقىرىپ، ئۇدۇلدا ئولتۇرغان باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا سۇندى.

بىرى، ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىن ئاستا چىقىۋاتقان چۆل مۈشۈكى؛ يەنە بىرى دەرەخلەر ئارىسىدا كېتىۋاتقان يىلپىزنىڭ سۈرىتى ئىدى.

«ئىلگىرى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان ئەتىۋارلىق ھايۋانات تۈرلىرى ھازىر پات ـ پات كۆزگە چېلىقىدىغان بولدى.» كۇڭ چىڭجۇ بۇ سۈرەتلەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىنى بايان قىلدى.

تاغ يېشىللاشتى، قۇم ئازايدى، سۇ سۈزۈكلەشتى، يۇرتداشلارنىڭ يانچۇقىمۇ تومپايدى. مېنيۈەن ناھىيەسى كەسىپلەرنىڭ ئېكولوگىيەلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ساياھەتچىلىككە قاراپ تېپ ئۆزگەرتىشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، خاس تېرىقچىلىق، باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇردى، دېھقان ـ چارۋىچىلار ئېكولوگىيە تامىقىنى يەيدىغان بولدى.

«بۇ ئېكولوگىيەنى قوغداشنىڭ ئۈنۈم ھاسىل قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.» باش شۇجى شى جىنپىڭ سۈرەتلەرگە زەن سېلىپ قاراپ، ئارقا ـ ئارقىدىن بېشىنى لىڭشىتتى، «بولۇپمۇ كۆپچىلىكنىڭ ئېكولوگىيەنى قوغداش ئېڭى كۈچىيىپتۇ، ئېكولوگىيەنىڭ ئۆزىدىكى ئىقتىسادىي قىممەتنى كۆرۈپ يېتىپتۇ».

يېشىل رەڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي رېڭى.

«قارىغاندا مېنيۈەن ناھىيەسىدىن ئىككەنسىز، مېنيۈەن چىلىيەنشەن تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە، تاغدىن ھالقىپ ئۆتسىلا گەنسۇنىڭ ۋۇۋېيغا بارغىلى بولىدۇ» دېدى باش شۇجى شى جىنپىڭ قولىدىكى خەرىتىنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ.

2019 ـ يىلى 8 ـ ئايدا گەنسۇغا تەكشۈرۈشكە بارغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ چىلىيەنشەن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى چوڭ يايلاقتا، ھەيۋەتلىك چىلىيەنشەن تېغىغا يىراقتىن نەزەر سېلىپ، نەق مەيداندا ئېكولوگىيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قوغداش ئەھۋالىنى ئىگىلىگەنىدى.

بۇ قېتىم، چىڭخەي ۋەكىللەر ئۆمىكىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دېدى: «يېڭى دەۋرگە كىردۇق، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردۇق، قارىشىمىزمۇ ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ چوڭقۇرلىشىشى كېرەك، بىزدە ئېكولوگىيە قارىشى، پۈتۈن ۋەزىيەت ئېڭى بولۇشى كېرەك».

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات «14 ـ بەش يىل»، ھەتتا تېخىمۇ ئۇزاق مەزگىلدىكى دۆلىتىمىز ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ باش تېمىسى بولۇپ، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈن ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك؛ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى —— «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پىروگراممىسىغا سىڭدۈرۈلگەن لوگىكىلىق ئاساسىي لىنىيە.

بىر باش تېما، بىر ئاساسىي لىنىيە —— كەلگۈسى بەش يىل، ھەتتا 15 يىلدا جۇڭگو قانداق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، تەرەققىياتنى قانداق ئىشقا ئاشۇرىدۇ دېگەن مۇھىم، زور مەسىلىگە چوڭقۇر جاۋاب بەردى.

قانداق قىلغاندا باش تېمىنى چىڭ كۆزلىگىلى بولىدۇ؟

چىڭخەي ۋەكىللەر ئۆمىكىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭ زامان ـ ماكان قارىشى بىلەن بۇ چوڭ ماقالىدىكى «مەسىلىلەرنى يەشتى» ——

ساھە نۇقتىسىدىن قارىغاندا: «يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات بىر ئىقتىسادىي تەلەپ بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە قويۇلغان ئومۇمىي تەلەپ»؛

رايون نۇقتىسىدىن قارىغاندا: «پەقەت ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلارغىلا قويۇلغان تەلەپ بولۇپلا قالماي، بەلكى بارلىق رايونلارنىڭ تەرەققىياتىدا جەزمەن ئىزچىللاشتۇرۇلىدىغان تەلەپ»؛

زامان ـ ماكان نۇقتىسىدىن قارىغاندا: «بىر مەزگىللىك، بىر كەسىپكىلا قويۇلغان تەلەپ بولۇپلا قالماي، بەلكى جەزمەن ئۇزاق مۇددەت چىڭ تۇرىدىغان تەلەپ».

بىلىش نەزەرىيەسىنى ھەل قىلىپلا قالماي، «ھۆكۈم قىلىش سوئالى»نى ياخشى ئىشلەش؛ تېخىمۇ مۇھىمى مېتودولوگىيەنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «ئەمەلىيەت سوئالى»نى ياخشى ئىشلەش كېرەك ——

«يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا مېڭىشتا، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەمبەھرە تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇش كېرەك»؛

«ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تۇرمۇش يارىتىش ئورۇنلاشتۇرمىسىنى پۇختا ئەمەللەشتۈرۈش كېرەك»؛

«ھەرقايسى رايونلار ئەمەلىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا مېڭىشى كېرەك»...

قانداق قىلغاندا ئاساسىي لىنىيەنى چىڭ كۆزلىگىلى بولىدۇ؟

باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسەتمە بەرگەندە سۆزنى يەنىلا ئېكولوگىيە مەسىلىدىن باشلىدى.

«تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاق، قۇمنى سىستېمىلىق تۈزەشنى بىرتۇتاش پىلانلاش كېرەك، بۇ يەرگە ‹قۇم› دېگەن خەتنى قوشۇش كېرەك.» 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىشلەتكەن بۇ يېڭى ئاتالغۇدىن كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدى يورۇپ كەتتى.

باييەننۇردىن كەلگەن ۋەكىل جاڭ شىياۋبىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇلاسۇتاي كۆلى ئېقىن رايونىنى تۈزەش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئېقىن رايونىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا قۇمنى تىزگىنلەش، ئېقىن رايونىنىڭ مەركىزىي رايونىدا يېزا ئىگىلىكىنىڭ دائىرىلىك، مەنبەلىك بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، ئۇلاسۇتاي كۆلىنىڭ ئومۇمىي سۇ سۈپىتى 5 ـ دەرىجىگە مۇقىملاشتى، قىسمەنلىرى 4 ـ دەرىجىگە يەتتى.

«ئۇلاسۇتاي كۆلى توغرىسىدا مەن كۆپ قېتىم تەستىقىي يوليورۇق بەرگەن. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا تۈزەشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلۈپتۇ، يەنە ئۇزاققىچە بوشاشماي كۈرەش قىلىش كېرەك.» بىر كۆلدىن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ «几» خەت شەكلىدىكى قىسمىنىڭ چوققىسىدىكى «شىمالدىكى جىياڭنەن بوستانلىقى»غا نەزەر سېلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «بۇ جايىنى ياخشى قوغداش كېرەك، شورلىشىپ كەتكەن تېرىلغۇ يەرلەرنى تۈزەش مەسىلىسى بار، شۇنداقلا قۇمنى تىزگىنلەش مەسىلىسىمۇ بار. قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك؟ بۇنىڭدا يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

«قۇم» دېگەن خەتنى قوشۇش سىستېما تەپەككۇرىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىگە بولغان ئېنىق چۈشەنچىسىنى نامايان قىلدى ——

«يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى بىر پۈتۈن گەۋدە، ئۇنى جەزمەن مۇكەممەل، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە كۈچەپ مۇلازىمەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا سىڭىشىش كېرەك».

بۇ سىستېمىلىق نەزەرىيە سىستېمىسى، تېخىمۇ مۇھىمى ئەمەلىيەت نەزەرىيە سىستېمىسى.

ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىش نەق مەيدانىدا، سۆز تېمىسى يايلاقتا نەقىشلەنگەن «مەرۋايىت»تىن يەنە چەكسىز ئورمانلىققا يۆتكەلدى.

نەچچە ئون يىل ئورمانچىلىق ئىشچىسى بولغان ۋەكىل جۇ يىجى باش شۇجى شى جىنپىڭغا يەككە كەسىپى رولىنىڭ دەۋر دولقۇنىغا ئەگىشىپ ئۆزگەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

«ئىلگىرى بىز ‹دەرەخ كەسكۈچى› ئىدۇق، ئەڭ بۇرۇن ئىشچىلار ئەترىتىمىز ھەر يىلى قىشتا ئىشلەپچىقارغان ياغاچ ماتېرىيالنى 400 ۋاگونغا قاچىلىغىلى بولاتتى، ھازىر پالتا، ھەرىلەرنى تاشلاپ، ‹دەرەخكە قارىغۇچى›غا ئايلاندۇق، بۇنىڭدا ئوخشاشلا دۆلەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇۋاتىمىز.» جۇ يىجى باش شۇجىغا مۇنداق دېدى: تەبىئىي ئورماننى قوغداش قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، مەن تۇرۇۋاتقان ئورمانچىلىق رايونىدا ئورمانلار ئاسرىلىپ كۆپەيدى. مۆلچەرىي ھېسابلاشقا ئاساسلانغاندا، 2018 ـ يىلى ئورمانچىلىق رايونىدىكى ئورمان ۋە سۇلۇق يەر ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارى ئومۇمىي قىممىتى 615 مىليارد 974 مىليون يۈەن بولغان.

«سىزنىڭ بۇ سالاھىيىتىڭىزنىڭ ئۆزگىرىشى دەل دۆلىتىمىزنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ ئىخچام كارتىنىسى.» باش شۇجى شى جىنپىڭ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: سىز تىلغا ئالغان بۇ ئېكولوگىيە ئومۇمىي قىممىتى دەل يېشىل GDP ئۇقۇمى بولۇپ، ئېكولوگىيەنىڭ ئەسلىدىلا قىممىتى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئۆزىنىڭ قىممىتى بولۇپلا قالماي، يەنە يېشىل ئۆپكە ئېففېكتىمۇ بار، تېخىمۇ مۇھىمى ساياھەتچىلىك، ئورمان ئارىسى ئىقتىسادى قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ».

قۇمدىن ئورمانغىچە، ئورماندىن پۈتكۈل ئېكولوگىيەنى قوغداشقىچە، ئېكولوگىيەنى قوغداشتىن كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكىچە، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتىن يېڭىلىق يارىتىش، ئېچىۋېتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىشقىچە توختالدى... باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنىڭ نەزەرىيە لوگىكىسى ۋە ئەمەلىيەت لوگىكىسىنى چوڭقۇر مەزمۇنلۇق قىلىپ ئېچىپ بەردى.

2018 ـ يىلى بىرىنچى قېتىم ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشىغا ياخشى چارە كۆرسىتىپ بېرىپ، «‹قوي، كۆمۈر، يەر، گاز›غىلا تايىنىۋېلىشقا بولمايدۇ، يېڭى كەسىپ، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى، يېڭى ئېشىش قۇتۇپىنى زور كۈچ بىلەن يېتىلدۈرۈش كېرەك» دەپ تەكىتلىگەنىدى.

يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەندىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە ئىچكى موڭغۇلنىڭ مەملىكەت بويىچە يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش جەھەتتىكى ئورنىنى كۆرسىتىپ بەردى ——

«سىلەرنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنۇڭلار، بايلىق ئەۋزەللىكىڭلار، كەسىپ قۇرۇلماڭلار، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تەلىپىڭلار قاتارلىقلار بىرقەدەر ئالاھىدە، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكتىن ساقلىنىپ، ئەلالاشتۇرۇش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا دىققەت قىلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، فۇنكسىيەنى ئايلاندۇرۇپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈشۈڭلار كېرەك».

«يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، بۇ ‹ئۈچ يېڭى›نى، سىلەر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشۈڭلار، قانداق گەۋدىلەندۈرۈش، قانداق قىلىپ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا ئويلىنىشىڭلار كېرەك».

باش تېما، ئاساسىي لىنىيەنى ئىگىلەشتە، ھەم سىستېما تەپەككۇرى بولۇشى، ھەم نۇقتىلىق تەپەككۇر، دىيالېكتىكىلىق تەپەككۇر، يېڭىلىق يارىتىش تەپەككۇرى، تۆۋەن چەك تەپەككۇرى بولۇشى كېرەك.

بىر كۆرسەتكۈچ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

بۇ قېتىم قاراپ چىقىشقا، تەكشۈرۈشكە، مۇزاكىرە قىلىشقا سۇنۇلغان ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات ۋە يىرىك پىلان پىروگراممىسى لايىھەسىدە، 2021 ـ يىللىق GDPنى ئاشۇرۇش نىشانى 6%تىن يۇقىرى قىلىپ بېكىتىلدى؛ «14 ـ بەش يىل»دىكى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى كۆرسەتكۈچى «مۇۋاپىق ئارىلىقتا ساقلاش، ھەر يىللىق ئەھۋالغا قاراپ ئوتتۇرىغا قويۇش» قىلىپ بېكىتىلدى، بۇ، بەش يىللىق يىرىك پىلان تارىخىدا تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنىغا قاتناشقاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇنىڭدىكى سەۋەبنى بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئېچىپ بەردى: «بولتۇر 2.3% ئىدى، بۇ يىل بىز 6%تىن يۇقىرى قىلىپ بېكىتتۇق، ئەمەلىيەتتە بۇ كۆرسەتكۈچتىن يۇقىرى بولسا بولىدۇ، لېكىن بىز ئىمكانىيەت قالدۇردۇق، بۇنداق بولغاندا ئاساسلىق زېھنىمىزنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات جەھەتكە تېخىمۇ سىرپ قىلالايمىز».

«ئىككى يۇقىرى» نىشانىنى كۆزلەش ——

**يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتىن يۇقىرى سۈپەتلىك تۇرمۇشقىچە، بۇنىڭ بىرى دۆلەتنىڭ پىلانىغا مۇناسىۋەتلىك، بىرى خەلق تۇرمۇشىغا باغلانغان بولۇپ، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىغا ئورتاق يۈزلىنىدۇ**

ئۈچ يىل ئىلگىرى، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدا تولۇق ئاۋاز بىلەن 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلانغانىدى.

ئۇ ئىلگىرى ئەسلىي مەقسىتىنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: «ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدا سايلامغا قاتنىشىشنى تاللىشىم، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مىللىي، چېگرا رايونلارغا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەرەققىي تاپمىغان رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ».

ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئىچكى موڭغۇلدىكى دۆلەت دەرىجىلىك 31 نامرات خوشۇن، 3681 نامرات كەنتنىڭ ھەممىسى نامراتلىق قاتارىدىن چىكندى.

«ئۆز ئۆمىكى»گە يەنە بىر قېتىم كەلگەندە، باش شۇجى شى جىنپىڭ چەكسىز سۆيۈنۈپ مۇنداق دېدى: «ئىچكى موڭغۇل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى قەرەلدە تاماملىدى، خۇشال بولۇشقا ھەم تەبرىكلەشكە تېگىشلىك».

باش شۇجى شى جىنپىڭ شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇنداق كۆرسەتتى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالپاقنى ئېلىۋېتىش ئاخىرقى نۇقتا ئەمەس، بەلكى يېڭى تۇرمۇش، يېڭى كۈرەشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، شەھەر ـ يېزا رايونلارنىڭ تەرەققىيات پەرقىنى كىچىكلىتىش، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشى ۋە ئومۇمىي خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا يەنىلا ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق.

مىڭلىغان تاغ ـ دەريالارنى بېسىپ ئۆتكەن بولساقمۇ، لېكىن يەنىلا تاغلاردىن ئېشىپ، دەريالارنى كېچىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

تېخىمۇ جۇلالىق بولغان يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يۈكسەك رەسىمگە قارىتا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق پىلانلىدى: «شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى كۈچەپ ياخشىلاپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنى كۈچەيتىپ، مەدەنىي يېزا كەيپىياتى يېتىلدۈرۈپ، گۈزەل، ياشاشقا باپ كېلىدىغان، كەسىپلىرى گۈللەنگەن، كىشىلەر ئىناق ئۆتىدىغان سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا ـ كەنت قۇرۇپ چىقىش كېرەك».

كىشىلەرنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە، 2016 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، باش شۇجى شى جىنپىڭ يامغۇرغا قارىماي چىڭخەي ئۆلكىسى خەيدۇڭ شەھىرى خۇجۇ ناھىيەسىنىڭ بەنيەن كەنتىگە كېلىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ زىيارەت قىلىپ، كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە باشقا جايغا كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن قانداق قىلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنى پىلانلىدى.

بۇ قېتىم چىڭخەي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىش نەق مەيدانىدا، خۇجۇ ناھىيەسىدىن كەلگەن تۈزۈ ۋەكىل ئاشىڭچىك باش شۇجى شى جىنپىڭغا مۇنداق دېدى: بەنيەن كەنتىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولدى، كەنتنىڭ كىشى بېشى يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى بەش يىل ئىلگىرىكى 2600 يۈەندىن 11 مىڭ 419 يۈەنگە ئۆرلىدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ خۇددى تۇغقىنىنى كۆرگەندەك ئۇنىڭدىن تەپسىلىي سورىدى: «كەنت ئاھالىلىرىنىڭ توك بىلەن ئىسسىتىدىغان كاڭلىرى قانداق بولدى» «كەشتىچىلىك كەسپى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا قانداق كۈچ قوشتى» «ھاراق ئېچىتىش قانداق قىلىپ كەسىپلەشتى» ...

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ قەلبىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشى مانا مۇشۇنداق كىچىك ئىشلارنىڭ بىر ـ بىرلەپ توپلىنىشىدىن ئىبارەت.

«باشتىن ـ ئاخىر ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تۇرمۇش يارىتىشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش، بىر ـ بىرىنى تولۇقلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك».

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتىن يۇقىرى سۈپەتلىك تۇرمۇشقىچە، بۇلارنىڭ بىرى دۆلەتنىڭ پىلانىغا مۇناسىۋەتلىك، بىرى خەلق تۇرمۇشىغا باغلانغان بولۇپ، ھەممىسى باش شۇجى شى جىنپىڭ قەلبىگە پۈكۈپ كەلدى.

دوستلۇق مېھمانخانىسى جىيىڭ زالى، رەڭگارەڭ پانۇسلار كۆزنى چاقنىتىپ تۇراتتى، كەيپىيات قىزغىن ئىدى.

3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ يەرگە كېلىپ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان تېببىي دورا ـ سەھىيە ساھەسى، مائارىپ ساھەسىدىكى ئەزالارنى يوقلىدى ھەم بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنىغا قاتنىشىپ، پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئاڭلىدى.

مەيلى كېسەل داۋالاپ ئادەم قۇتقۇزۇش ياكى ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش بولسۇن، ھەممىسى خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۇنى زامانىۋىلاشقان كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇش مەنزىرىسىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئەزالارنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئۇلار بىلەن مۇزاكىرىلەشتى، پىكىر ئالماشتۇردى.

ئەزا خۇ يۈ خۇاجۇڭ پەن ـ تېخنىكا داشۆسى قارىمىقىدىكى شىيخې دوختۇرخانىسىدىن كەلگەن —— بۇ دوختۇرخانا يۇقۇمنىڭ دەسلەپىدە ۋۇخەندە ئېغىر كېسەللەرنى قوبۇل قىلىپ داۋالىغان بىرقانچە دوختۇرخانىلارنىڭ بىرى.

بولتۇر 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئەڭ كەسكىنلەشكەن پەيتتە، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بېيجىڭدا سىنلىق ئۇلانما ئارقىلىق، كۆپچىلىكنى غەيرەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن كۆرۈنۈش ئۇنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە.

مۇشۇ پەيتتە، يەنە بىر قىش كېتىپ باھار كەلگەندە، ئۇ باش شۇجى شى جىنپىڭ بىلەن ئوخشاش بىر يىغىن مەيدانىدا ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇردى.

يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدىن ھەقىقىي تەسىراتقا ئىگە بولغان خۇ يۈ «ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىنىڭ ‹ھۆكۈمەتنىڭ بولۇش›نى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش» تەكلىپىنى بەردى. ئۇ باش شۇجى شى جىنپىڭغا خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ئاممىۋى سەھىيە جەھەتتە كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى يولغا قويۇۋاتقانلىقىنى، 1037 تۈردە ئىش باشلاپ قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

«يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە، ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرى مۇستەھكەم تۈۋرۈك بولدى. بۇ، پۈتۈن دۆلەت تۈزۈلمىسىدە، بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، ھەممە تەرەپ ياردەم بېرىش ئارقىلىق، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت داۋلىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ بەردى.» باش شۇجى شى جىنپىڭ جاۋاب قايتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «كېيىنكى قەدەمدە، داۋالاش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى جەھەتتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرى مۇستەھكەملىنىدۇ، يەنىمۇ كۈچەيتىلىدۇ، زورايتىلىدۇ، بۇ مادادا ئېنىق».

داۋالاش مۇلازىمىتى سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە دوختۇرخانا ئاچقۇچ، دوختۇرلارمۇ ئىنتايىن مۇھىم.

جۇڭگو تېببىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى بېيجىڭ شېيخې تېببىي شۆيۈەنىدىن كەلگەن ئەزا ۋاڭ چېن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش 1 ـ سېپىدە ئىزچىل جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ سۆز باشلىشى بىلەنلا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۇنى تونۇۋالدى: «مەن سىزنى تونۇيمەن، لېكىن ئىلگىرى يىغىنلاردا سىزنىڭ سۆزلىگىنىڭىزنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن».

ۋاڭ چېن سۆزىدە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويدى: ھازىر بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەر ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەلىيەت بىلەن ھېسابلاشماستىن تېببىي شۆيۈەن تەسىس قىلىپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىۋاتىدۇ، مائارىپ بايلىقى يېتىشمەيۋاتقان ئەھۋالدا، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش سۈپىتىگە تەسىر يېتىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

«ئۇنداقتا ھازىر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا بەزى كەسىپلەر نومۇر چېكىنى تۆۋەنلەتتىمۇ ـ يوق؟» دەپ سورىدى باش شۇجى.

«بىر قىسىم كەسىپلەر دائىم نومۇر چېكىنى تۆۋەنلىتىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقاچقا، ئەسلىدىنلا ئىنتايىن مۇھىم بولغان بۇ كەسىپلەردىكى خادىملارنىڭ ساپاسىدا تۆۋەنلەش چېتىنىش كۆرۈلدى، بۇ نۇقتا بىزنى ناھايىتى ئەندىشىگە سالدى» دېدى ۋاڭ چېن.

«بۇنى يەنىلا مۇزاكىرە قىلىشقا ئەرزىيدۇ، ھازىر سەل بالدۇر» دېدى باش شۇجى.

«شۇنداق، دوختۇرلارنىڭ سانى قارىغۇلارچە كۆپەيتىلىۋاتىدۇ، مۇبادا سۈپەت يۇقىرى كۆتۈرۈلمىسە، بۇ ياخشى ئىش ئەمەس.» ۋاڭ چېن مۇنداق تەكلىپ بەردى: تېببىي مائارىپتىكى تۆۋەن سۈپەتلىك، قارىغۇلارچە كېڭەيتىش ھادىسىسىنى تۈگىتىش كېرەك.

«توغرا، ئاچقۇچ سۈپەت مىقدارنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىدە، بۇنىڭدا ئۆتكەلنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك» باش شۇجى بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا مەسىلىنىڭ نېگىزىنى تاپتى.

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)